## 13569 ـ ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى

### سۇئال

بىزگە ئىسلامنىڭ ئەركانلىرىنى شەرھىيلەپ بىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئىسلام بەش تۈۋرۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇنى پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) : ئىسلام بەش ئۈستىگە قۇرۇلغان : ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرىش ، ناماز ئۆتەش ، زاكات بىرىش ، ھەج قىلىش ۋە رامىزاندا روزا تۇتۇش دىگەن سۆزى بىلەن شەرھىيلەپ بەردى . [ بىرلىككە كىلىنگەن ؛ بۇنى بۇخارىي نەقىل قىلغان ، 8 ]

ئىسلام ھەم ئەقىدە ھەم قانۇن بولۇپ ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بىزگە ئۇنىڭدا نىمىنىڭ ھالال ، نىمىنىڭ ھاراملىقىنى ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە گۈزەل پەزىلەتلەرنى ، ئىبادەتلەرنى ، كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ، ھەق ـ ھوقۇقلار ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ، ھەمدە قىيامەت مەنزىرلىرىنى بايان قىلدى . ئاللاھ بۇ دىننى ئەلچىسىنىڭ قولى بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈپ بولغاندا ، ئۇنى قىيامەت قايىم بولغۇچە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھايات يولى بولۇشقا تاللىدى : بىضىن سعلةرنعث دعنعثلارنع صىتىن قعلدعم،سعلةرضة نئمعتعمنع تامامقلدعم،ظعسلام دعنعنع سعلةرنعث دعنعثلار بولۇشقا تاللعدعم . [ مائىدە(داستىخان): 3 ]

ۋە بۇ ئىسلام ئەركانلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى ئۇللىرى :

بىرىنچى ئەركان : ئىككى گۇۋاھلىق سۆز :

يەنى ، ئاللاھ يىگانە ھالدا پەرۋەردىگار ، پادىشاھ ، ئىدارە قىلغۇچى ، ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىشىنىش . ھەمدە ئاللاھ ئۆزىگە مۇقەررەرلەشتۈرگەن ياكى پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا مۇقەررەرلەشتۈرگەن بارلىق گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش ، ھەمدە ئاللاھ بىردىنبىر ئىبادەت قىلىنىشقا ئەڭ لايىق دەپ ئىشىنىش . ئاللاھ مۇنۇ ئايەتتە دىگەندەك : « الله ظاسمانلارنع ۋة يةرنع ظأرنةكسعز ياراتقذحعدذر،الله نعث خوتذنع يوق تذرسا،قانداقمذ بالعسع بولسذن؟هةممة نةرسعنع الله ياراتقان،هةممة نةرسعنع الله ظوبدان بعلضحعدذر101.ظةنة شذ الله سعلةرنعث صةرۋةردعضارعثلاردذر،الله دعن بألةك هئح مةبذد(بةرهةق)يوقتذر،ظذهةممة نةرسعنع ياراتقذحعدذر،ظذنعثغا ظعبادةت قعلعثلار ظذ هةر نةرسعضة هامعيدذر .» [ ئەنئام(چاھارپايلار): 101-102 ]

ۋە شۇنىڭدەك ئاللاھ ئەلچىسى مۇھەممەدنى( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئەۋەتتى ، ئۇنىڭغا قۇرئاننى چۈشۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا بۇ دىننى بارلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى دەپ ئىشىنىش . ھەمدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ

ئەلچىسىنى سۆيۈش ھەمدە ئۇ ئىككىسىگە بويسۇنۇش ھەر بىر شەخسكە ۋاجىپ ، ئاللاھنى سۆيۈش پەقەت ئۇنىڭ ئەلچىسىگە( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئەگىشىش بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ دەپ ئىشىنىش : « ظئيتقعنكع ظةضةر سعلةر الله نع سۆيسەڭلار،ماڭا ظةضعشعڭلاركع،الله سعلةرنع سۆيىدۇ ضذناهعڭلارنع مةغصعرةت قعلعدذ .الله ناهايعتع مةغصعرةت قعلغذحعدذر،ناهايعتع مئهرعباندذر . [ ئال ئىمران ( ئىمران ئائىلىسى) : 31 ]

ئىككىنچى ئەركان ناماز :

يەنى ، ئاللاھ ھەر بىر ئەقلى ھوشى بار ، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش نامازنى پەرز قىلدى دەپ ئىشىنىپ ، ئۇنى پاكىز ھالەتتە ئادا قىلىپ ، ھەر كۈنى پەرۋەردىگارى ئالدىدا پاكىز ھالدا تۆۋەنچىلىك ۋە بىچارىلىك بىلەن تۇرۇپ ئۇنىڭ نىئمەتلىرى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىدۇ ، ئۇنىڭ سېخىيلىقىدىن(پەزلىدىن) سورايدۇ ، گۇناھلىرىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن جەننەتنى سورايدۇ ، دوزاختىن ساقلىشىنى تىلەيدۇ .

بىر كېچە-كۈندۈزدە پەرز قىلىنغان نامازلار بولسا بەش ناماز بولۇپ ، ئۇلار بامدات ، پېشىن ، ئەسىر ، شام ۋە خۇپتەندىن ئىبارەت . ۋە يەنە كېچە نامىزى ( تەھەججۇد نامىزى ) ، تەراۋىھ نامىزى ، ئىككى رەكەت چاشگا نامىزى ، ۋە باشقا سۈننەت نامازلار بار .

ناماز مەيلى پەرز ياكى سۈننەت بولسۇن ، ئۇ بىر كىشىنىڭ بارلىق ئىشلاردا يالغۇز ئاللاھقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولىدۇ . ئاللاھ بارلىق مۇئمىنلەرنى ئۇنى جامائەت بولۇپ داۋاملىق ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ : نامازلارنى ، بولۇپمۇ ئەسىر نامىزىنى داۋاملىق ئادا قىلىڭلار ، ھەمدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار ( نامازدا باشقىلارغا سۆز قىلماڭلار ) . دىدى .

[بەقەرە ( ئىنەك ) : 238 ]

بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ناماز ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايالغا ۋاجىپ : شىببهعسعزكع،ناماز مأمعنلةرضة ۋاقتع بةلضعلةنضةن صةرز قعلعندع .

[ نىسا(ئاياللار): 103 ]

كىمكى نامازنى تاشلىۋەتسە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدا نىسىۋىسى يوق ، كىمكى ئۇنى قەستەن تاشلىۋېتىدىكەن ئۇ كاپىر . ئاللاھ ئېيتقاندەك : ئاللاھقا تەۋبە بىلەن قايتىڭلار ، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ، نامازنى ئادا قىلىڭلار . مۇشرىكلاردىن بولماڭلار . ]

رۇم(رىم) : 31 ]

ئىسلام ئۆزئارا ھەمكارلىق ، قېرىنداشلىق ۋە مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ ، ئاللاھ بۇ پەزىلەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ نامازلارغا ۋە باشقىلىرىغا يىغىلىشنى (جامائەت بولۇشنى) بىكىتتى . پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )مۇنداق دىگەن : جامامەت بولۇپ ناماز ئوقۇش يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن 27 ھەسسە ئۈستۈن . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 650 ]

ناماز مۇئمىنلەرگە ئېغىر كۈنلەردە ، بالايى مۇسىبەتلەردە ياردىمى بولىدۇ : سةۋر قعلعش , ناماز ظوقذش ظارقعلعق(الله دعن)ياردةم تعلةڭلار.ناماز الله دعن قورققذحعلار(يةنع كةمتةرلعك بعلةن الله غا بويسذنغذحعلار)دعن باشقعلارغا هةقعقةتةن

مذشةققةتلعك ظعشتذر . [ بەقەرە( ئىنەك ) : 45 ]

بەش ناماز خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ . خۇددى پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) دىگەندەك : ئويلاپ باقامسىلەر ، ناۋادا سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە بىر دەريا بولسا ، ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى بەش قىتىم يۇيۇنسا ئۇنىڭدا كىر قالامدۇ ؟ ئۇلار : " ئۇنىڭدا ھىچقانداق كىر قالمايدۇ . " دىدى . ئۇ : مانا بۇ بەش نامازنىڭ مىسالى . بۇلار ئارقىلىق ئاللاھ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ . دىدى . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 677 ]

مەسچىتتە ناماز ئوقۇش جەننەتكە كىرىشكە سەۋەپ . پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : كىمكى مەسچىتكە بارسا ۋە كەلسە ، ئاللاھ ھەر قىتىم ئۇنىڭ بىرىپ –كەلگىنىدە ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي ھازىرلايدۇ . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 669 ]

ناماز بەندە بىلەن ياراتقۇچىنى بىر يەرگە قەملەيدۇ . ھەمدە ئۇ پەيغەمبەرنىڭ خۇشاللىقى ئىدى . قاچانكى ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنى قايغۇرتسا ، ئۇ نامازغا يۈزلىنەتتى ۋە پەرۋەردىگارى بىلەن سىرداشاتتى ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلاتتى ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايتتى ۋە ئۇنىڭ پەزلىنى(سېخىيلىقىنى) سورايتتى .

تۆۋەنچىلىك ۋە ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن ئوقۇلغان ناماز مۇسۇلماننى پەرۋەردىگارىغا يىقىنلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى گۇناھلاردىن ۋە ئەسكى ئىشلاردىن توسۇپ قويىدۇ . خۇددى ئاللاھ ئېيتقاندەك : ئى مۇھەممەد ، ساڭا ۋەھىي قىلىنغان كىتاپنى تىلاۋەت قىلغىن ، نامازنى ئادا قىلغىن . ناماز ھەقىقەتەن ئەسكى ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ . [ ئەنكەبۇت( ئۆمۈچۈك) : 45 ]

ئۈچۈنچى ئەركان زاكات :

ئاللاھ ئىنسانلارنى ھەر خىل ئىرق ، بىلىم ، ئەخلاق ، كەسىپ ۋە رىزىق بىلەن يارىتىپ ئۇلاردىن باي ۋە كەمبەغەلنى پەيدا قىلدى . چۈنكى باينى شۈكرى قىلامدۇ –يوق ، كەمبەغەلنى بەرداشلىق بىرەمدۇ–يوق دەپ سىنايدۇ .

مۆئمىنلەر – قېرىنداش . قېرىنداشلىق بولسا ھىسداشلىق ، مېھرىبانلىق ، مۇھەببەت ۋە رەھىم–شەپقەت ئۇستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا ، ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئىلىنىپ ، كەمبەغەللىرىگە قايتۇرۇپ بىرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلدى .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظذلارنعث ماللىرعنعث بعر قعسمعنع سةدعقة هئسابعدا ظالغعنكع،ظذنعث بعلةن ظذلارنع ضذناهلعرعدعن صاكلعغايسةن ۋة (ياخشعلعقلعرعنع)كأصةيتكةيسةن،ظذلارغا دذظا قعلغعن، شىبهعسعزكع،سئنعث دذظايعث ظذلارغا خاتعرجةملعك ظئلعص كئلعدذ . [ تەۋبە: 103 ]

زاكات مال–مۈلۈكنى پاكلايدۇ ۋە ئۇنى ئاۋۇتىدۇ ، روھنى بىخىللىقتىن تازلايدۇ . ھەمدە بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرسىدىكى مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ–دە ئۆچمەنلىكنى يوقىتىدۇ ، بىخەتەرلىكنى ئۇستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ ۋە ئۇممەتكە بەخىت ئىلىپ كىلىدۇ .

ئاللاھ نىساب( زاكات كىلىدىغان ئەڭ كىچىك مىقدار) قا ئىگە بولغان ۋە ئۇنىڭغا بىر يىل بولغان ھەر بىر كىشىگە زاكاتنى چىقىرىشنى پەرز قىلدى . ئالتۇن ، كۈمۈش ياكى باشقا مىتاللار ۋە تاۋارلارنىڭ زاكات نىسبىتى40 تىن بىر . يىزا–ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە مىۋە–چىۋىلەرنىڭ بولسا ، ئەگەر سۇنئىي ئۇسۇلدا سۇغۇرۇلمايدىغان بولسا 10دىن بىرى . ئەگەر سۇنئىي ئۇسۇلدا سۇغۇرلىدىغان بولسا 10دىن بىرنىڭ يىرىمى . ئۆي ھايۋانلىرى ( قوي ، ئۆچكە ، كالا ۋە تۆگە ) ھەققىدىكى تەپسىلاتلار

فىقھى كىتاپلىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن . كىمكى زاكاتنى چىقارسا ئاللاھ ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئۆچۈرۋېتىدۇ . ئۇنىڭ مال-مۈلكىگە بەركەت بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ھازىرلايدۇ . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : نامازنع ظادا قعلعڭلار ،زاكاتنع بئرعڭلار، ظأزةڭلارظىحىن ظعشلعضةن ھةر قانداق ياخشع ظةمةل بولسا، الله نعث دةرضاھعدا ظذنعث ساۋابعنع تاصعسعلةر، الله ھةقعقةتةن قعلغان ظةمةلعڭلارنع كأرىص تذرغذحعدذر . [ بەقەرە(ئىنەك) : 110 ]

زاكاتنى بەرمەسلىك ئۈممەتكە ئاپەتلەر ۋە يامانلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ . ئاللاھ زاكاتنى بەرمىگەن كىشىلەرنى قىيامەت كۈنىدىكى ئەلەملىك ئازاب بىلەن قورقۇتتى . ئۇ مۇنداق دىگەن : « ظالتذن- كىمىش يعغعص،ظذنع الله نعث يولعداسةرص قعلمايدعغانلارغا(دوزاختا بولعدعغان)قاتتعق ظازاب بعلةن بعشارةت بةرضعن34.ظذ كىنندة (يةنع قعيامةت كىنعدة)ظذ ظالتذن-كىمىشلةر جةھةننةمنعث ظوتعدا قعزعتعلعص،ظذنعث بعلةن ظذلارنعث صعشانعلعرع،يانلعرع ۋة دىمبعلعرع داغلعنعدذ. ظذلارغا: بذ سعلةرنعث ظأزةڭلار ظىحىن يعغقان ظالتذن –كىمىشڭلار( سعلةر بذ دذنيايعڭلاردعكع الله نعث ھةققعنع ظادا قعلمعدعڭلار). يعغقان ظالتذن- كىمىشڭلارنعث ۋابالعنع تئتعڭلار دئيعلعدذ. » [ تەۋبە: 34–35 ]

زاكاتنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارا بەرگەندىن يۇشۇرۇن بەرگەن ياخشى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : سةدعقعنع ظاشكارا بةرسةڭلار،بذياخشعدذر،ظةضةر ظذنع مةخصع بةرسةڭلار ۋة يوقسذللارغا بةرسةڭلار،تئخعمذ ياخشعدذر.بذ،سعلةرنعث بةزع ضذناھلعرعڭلارغا كةففارةت بولعدذ،الله سعلةرنعث قعلغان ظةمةلعڭلاردعن خةۋةرداردذر. [ بەقەرە(ئىنەك): 271 ]

مۇسۇلمان زاكاتنى ئايرىغاندا ، ئۇنى ئاللاھ مۇنۇ ئايەتلەردە تىلغا ئالغان كىشىلەردىن باشقا بىرىگە بېرىشكە بولمايدۇ : زاكات صةقةت صئقعرلارغا،معسكعنلةرضة،زاكات خادعملعرعغا،دعللعرعنع ظعسلامغا مايعل قعلعش كأزدة تذتذلغانلارغا،قذللارنع ظازات قعلعشقا،قةرزدارلارغا،الله نعث يولعغا،ظعبن سةبعللةرضة بئرعلعدذ،بذ الله نعث بةلضعلعمعسعدذر،الله(بةندعلعرعنعث مةنصةظةتعنع)ظوبدان بعلضىحعدذر، ھئكمةت بعلةن ظعش قعلغذحعدذر.

[ تەۋبە: 60 ]

تۆتىنچى ئەركان رامىزاندا روزا تۇتۇش :

روزا تۇتۇش بولسا روزا نىيىتى بىلەن روزىنى سۇندۇرىدىغان نەرسىلەر : يېمەكلىك ، ئىچىملىك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغۇچە پەرھىز تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ .

سەۋر بىلەن ئىيماننىڭ مۇناسىۋىتى باش بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ . ئاللاھ بۇ ئۇممەتكە ئازابىدىن ساقلىنىشى ، ئۇ چەكلىگەن نەرسىلەردىن نىرى تۇرۇشى ۋە چىدامچانلىق-سەۋىرگە ئادەتلىنىشى، نەپسىنى تىزگىنلىشى ، مەردلىك ۋە سېخىيلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ھىسداشلىق قىلىش ، ھەمدە ئۆزئارا رەھىم-شەپقەت قىلىشتا بەسلىششى ئۈچۈن يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇشنى پەرىز قىلدى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظع مأمعنلةر! (ضذناھلاردعن)ساقلعنعشعڭلار ظىحىن،سعلةردعن ظعلضعرعكعلةرضة(يةنع ظعلضعرعكع ظىممةتلةرضة)روزا صةرز قعلعنغاندةك،سعلةرضعمذ(رامعزان روزعسع)صةرز قعلعندع.

[ بەقەرە(ئىنەك): 183 ]

رامىزان ئىيى كاتتا ئاي بولۇپ ، ئاللاھ ئۇ ئايدا قۇرئاننى چۈشۈرگەن ، ھەمدە ئۇ ئايدا ياخشىلىقلار ، سەدىقىلەر ۋە

ئىبادەتلەرنىڭ ئەجرى ھەسسىلىنىدۇ . ئۇنىڭدا قەدرى كېچىسى بار ، ئۇ مىڭ ئايدىن ياخشى . ئۇ ئايدا جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ ، شەيتانلار باغلىنىدۇ .

ئاللاھ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنى ھەر بىر بالاغەتكە يەتكەن ، ئەقلى ھوشى بار ئەر ۋە ئايال مۇسۇلمانغا ۋاجىپ قىلدى .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : رامعزان ظئيعدا قنرظان نازعل بولذشقا باشلعدع،قنرظان ظعنسانلارغا يئتةكحعدذر،هعدايةت قعلغذحع ؤة هقق بعلةن ناهةققنع ظايرعغذحع روشةن ظايةتلةرذذر،سعلةردعن كعمكع رامعزان ظئيعدا هازعر بولسا رامعزان روزعسعنع تذتسذن؛كعمكع كئسةل ياكع سةصةر ظىستعدة(يةنع مذساصعر)بولذص(تذتمعغان بولسا،تذتمعغان كىنلةر ظىحىن)باشقا كىنلةردة تذتسذن.الله سعلةرضة ظاسانلعقنع خالايدذ،تةسلعكنع خالعمايدذ،(ظاغزعثلار ظوحذق يىرضةن كىنلةرنعث قازاسعنع قعلعش بعلةن رامعزان روزعسعنعث)سانعنع تولدذرذشذثلارنع،سعلةرنع هعدايةت قعلغانلعقعغا الله نع ظذلذغلعشعثلارنع،(ظذنعث ظعنظاملعرعغا)شىكىرقعلعشعثلارنع خالايدذ . [ بەقەرە(ئىنەك) : 185 ]

روزا تۇتۇشنىڭ ئەجرى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا كاتتىدۇر . پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : « ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر ئىشى ھەسسىلىنىدۇ ، ھەر بىر ياخشى ئىشقا 10 ھەسسىدىن 100 ھەسسىگىچە ئەجىر بېرىلىدۇ . ئاللاھ ئېيتتى : روزا ئۇنىڭ سىرتىدا ، چۈنكى ئۇ مەن ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزۈم بېرىمەن . ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشىنى ۋە يىمەك–ئىچمىكىنى مەن ئۈچۈن تاشلايدۇ . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، روزا ]

بەشىنچى ئەركان ھەج :

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن ، نامازلىرىدا ۋە دۇئالىرىدا يۈزىنى قىلىدىغان بىر قىبلىنى بىكىتىپ بەردى . ئۇ بولسا مەككە مۇكەررەمەدىكى قەدىمىي ئۆي : يىزثنع مةسجعدع هةرام تةرةصكة قعلغعن.(ظع مأمعنلةر!)قةيةردة بولماثلار يىزثلارنع مةسجعدع هةرام تةرةصكة قعلعثلار. [ بەقەرە(ئىنەك): 144 ]

مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغاچقا ، ھەمدە ئىسلام كىشىلەرنى بىرلىشىش ۋە ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە شۇنىڭدەك ياخشى ئىشلاردا ۋە تەقۋادارلىقتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ، ئۆز ئارا ھەقىقەتنى تەۋسىيە قىلىش ، ئاللاھ تەرەپكە دەۋەت قىلىش ھەمدە ئاللاھنىڭ دىنى بەلگىلىرىنى ئۇلۇغلاشقا چاقىرىدىغان بولغاچقا ، ئاللاھ ھەر بىر كۈچ–قۇدرىتى بار ، ئەقلى ھوشى جايىدا ، بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئۆيىنى زىيارەت قىلىش ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىش (تاۋاپ قىلىش) ، ھەمدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بايان قىلغاندەك ئادا قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : قادعر بولالعغان كعشعلةرنعث الله ظىحىن ئۆيىنى)كةبعنع( زعيارةت قعلعشع ظذلارغا صةرز قعلعندع.كعمكع ظعنكار قعلعدعكةن(يةنع هةجنع تةرك ظئتعدعكةن, زعيعنع ظأزعضة)،شىبهعسعزكع،الله ظةهلع جاهاندعن(يةنع ظذلارنعث ظعبادعتعدعن)بعهاجةتتذر. [ ئال ئىمران(ئىمران ئائىلىسى): 97 ]

ھەج بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ، كۈچ–قۇدرىتى ۋە شان–شۆھرىتى گەۋدىلىنىدىغان مەزگىل بولۇپ ، پەرۋەردىگار بىر ، پەيغەمبەر بىر ، ئۇممەت بىر ، ئىبادەت بىر ۋە كىيىم–كېچەكلەر بىر .

ھەجنىڭ ئۆزگىچە خاس ئەدەپ–قائىدىلىرى ، ۋە شەرتلىرى بار بولۇپ ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى كىرەك . مەسىلەن ، تىلىنى ، قۇلۇقىنى ۋە كۆزىنى ئاللاھ چەكلىگەن بارلىق نەرسىلەردىن ساقلاش ، نىيەتلىرىنى خالىس قىلىش ، پاك پۇللارنى

ئىشلىتىش ، ئەڭ ياخشى ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ، ، گۇناھ ياكى ناھەق جېدەللىشىشتىن ئىبارەت بارلىق ھەجنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش . ئاللاھ ئېيتقاندەك : ھةج ۋاقتع مةلذم بعرقانحة ظايدذر(يةنع شةۋۋال،زذلقةظدة ظايلعرع ۋة زذلهةججة ظئيعنعث ظون كىنعدذر).بذ ظايلاردا هةج قعلعشنع نعيةت قعلغان(يةنع ظئهرام باغلعغان)ظادةمنعث جعنسي ظالاقة قعلعشع،ضذناه قعلعشع ۋة جاثجال قعلعشع مةنظع قعلعنعدذ،سعلةر قانداقلعكع ياخشع ظةمةلنع قعلساثلار،الله ظذنع بعلعص تذرعدذ(ظاخعرةتلعكعثلار ظىحىن)ئوزۇق-تۆلۆك ظئلعۋئلعثلار،ظةث ياخشع ئوزۇق-تۆلۆك تةقۋادارلعقتذر.ظع ظةقعل ظعضعلعرع!ماثا تةقۋادارلعق قعلعثلار. [ بەقەرە( ئىنەك) : 197 ]

ئەگەر بىر مۇسۇلمان ھەجنى پەرىز قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە توغرا ئادا قىلسا ، نىيىتى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن بولسا ، بۇ ئۇنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كەففارەت بولىدۇ . پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دېگەن : كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلمىسا ، ۋە گۇناھ سادىر قىلمىسا ، خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك بولۇپ قايتىدۇ .

[ بۇخاريي نەقىل قىلغان ، 15210 ]

شەيخ تۇۋەيجرىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرى» ناملىق كىتابىدىن ئارىيە بىلەن ئاخىرلاشتى.